# بەنی نەزىرنىڭ مال-مۈلكى مۇسۇلمانلار ئات-تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ ئۆز ئەلچىسىگە خاس غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈك ئىدى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: بەنى نەزىرنىڭ مال-مۈلكى مۇسۇلمانلار ئات-تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە خاس غەنىيمەت ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىنى ئايرىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئاللاھ يولىدا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئات-ئۇلاغ ۋە قورال-ياراغ تەييارلاشقا سەرپ قىلاتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، مەدىنە ئەتراپىدا يەھۇدىيلارنىڭ قەبىلىلىرى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۆز دىنىدا قېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا قارشى دۈشمەنگە ياردەم بەرمەسلىك شەرتى بىلەن ۋەدە ۋە توختام تۈزۈشتى، ساھابىلاردىن ئەمرۇ ئىبنى ئۇمەييە ئىسىملىك بىر كىشى بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن ئىككى كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى دەپ ئويلاپ ئۆلتۈرۈپ سالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى كىشىنىڭ تۆلىمىنى ئۆستىگە ئالدى، ئىككى دىيەتكە ياردەم سوراپ بەنى نەزىرنىڭ يېزىسىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ياردەم كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ بازارلىرىنىڭ بىرىدە ئولتۇرغاندا ئۇلار كېلىشىمنى بۇزۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشرىسىنى ئېچىپ ئاسماندىن ئايەت نازىل بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇلارنىڭ يېزىسىدىن ئۇلارغا ۋە ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە ھاجەت قىلغىلى بارىدىغان تۈيغۇ بېرىپ چىقىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىكىپ قالغانلىقتىن، ساھابىلار ئۇنى ئىزدەپ چىقىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يەھۇدىيلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن خەۋەر بەردى، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يېزىسىدا ئالتە كۈن قورشاۋغا ئالدى، ئاخىرىدا ئۇلار مەدىنە زېمىنىدىن شام، ھىيرە ۋە خەيبەر زېمىنلىرىغا چىقىپ كېتىشكە ئىتتىپاق تۈزۈشتى، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسۇلمانلار ئات-تۆگىلەرنى چاپتۇرماي، مۇشەققەتسىز قولغا كەلگەن غەنىمەت بولغان ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ماللىرى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا خاس بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىنى ئايرىپ قېلىپ، قالغىنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى، ئاشۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى ئاللاھ يولىدا جىھاد تەييارلىقى ئۈچۈن ئات-ئۇلاغ ۋە قورال-ياراغ سېتىۋېلىش ئىدى، ھەر بىر دەۋرگە قارىتا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ خىراجەتلىرى بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2983

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee